# قۇربانلىق قوچقار



كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بالىلارنىڭ دادىسى سېمىز بىر قوچقار سېتىۋاپتۇ. بالىلار دادىسى سېتىۋالغان يېڭى دوست ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشال بولۇشۇپتۇ.



- باللىرىم، بۇ قۇربانلىق قوچقار، بىز بۇنى ياخشى بېقىپ چوڭ قىلىپ، قۇربان ھېيتتا قۇربانلىق قىلىمىز، - دەپتۇ دادىسى باللارغا.

باللار ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، قوچقارنىڭ قويۇق يۇڭلىرى بىلەن چىرايلىق بىر جۈپ مۈڭگۈزىنى سىلاپ



كىچىك ئوغلى ئەخمەت بىر چەتتە تۇرۇپ بولىۋاتقان ئىشلارنى ھەيرانلىق ئىچىدە كۆزىتىپتۇ. بىر ھازادىن كىيىن دادىسىنىڭ يېنىغا كىلىپ ئۇنى قۇچاقلاپ:

- دادا، مېنىڭمۇ قۇربان ھېيتتا قۇربانلىق قىلىدىغان بىر نەرسەم بار، مەن شۇنى قۇربانلىق قىلىمەن، - دەپتۇ.



ئاكىلىرى ئۆيۈننى توختىتىپ ئۇكىسى ئەخمەتكە ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراپتۇ ۋە نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى سوراپتۇ. ئەخمەت ئۆيگە كىرىپ كىتىپ، بىر ھازادىن كىيىن چوڭ بىر خالتىنى كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ.



ئاكىلىرى خالتىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپتۇ، ئەخمەت خالتىنى يەرگە قويۇپ ئېچىشقا باشلاپتۇ، ئۇلار خالتىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنى كۆرۈش ئۈچۈن تەققەزالىق بىلەن ساقلاپ تۇرۇپتۇ.



ئەخمەت خالتىدىن بىر خورازنى چىقىرىپتۇ ۋە ئۇ خورازنىڭ چىللىماسلىقى ئۈچۈن تۇمشۇقىنى يىپتا باغلاپتۇ، ئاندىن ئۇنى يەرگە قويۇپ: - بۇ مىنىڭ قۇربانلىق خورۇزۇم، مەن قۇربان ھېيتتا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن بۇنى ئۆزەمنىڭ پۇلىغا سېتىۋېلىپ باغچىغا يوشۇرۇپ قويغان ئىدىم، - دەپتۇ.





دادا ئوغلى ئەخمەت بىلەن قۇربانلىق قىلىش ۋە قۇربانلىق قوچقارنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە پاراڭلىشىپتۇ، ئۇنىڭغا قوي، كالا ۋە تۆگىنى قۇربانلىق قىلىشقا بولىدىغانلىقى، ئەمما ئۇنىڭدىن باشقا ھايۋاننى قۇربانلىق قىلىشنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپتۇ.



ئەخمەت: - دادا، ئۇنداقتا بىز خورازنى باغچىغا قويۇپ بېرىپ،
ئاللاھ خالىسا ھېيتتىن كېيىن سويۇپ يەيلى، - دەپتۇ دادىسىغا.

